# يۈزلىرىگە ئۇرۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، جاھىلىيەتتىكىدەك نالە-پەرياد قىلغانلار بىزدىن ئەمەس

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھدىن: «يۈزلىرىگە ئۇرۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، جاھىلىيەتتىكىدەك نالە-پەرياد قىلغانلار بىزدىن ئەمەس» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئاللاھنىڭ ئالغىنى ۋە بەرگىنى ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدا تولۇق بىر ھىكمەت ۋە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش بار. بۇ ئىشلارغا ئىتىراز بىلدۈرگۈچى ياكى قارشىلاشقۇچى، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر قىلغان ئىشلىرىغا ئىتىراز بىلدۈرگەن بولىدۇ، ھالبۇكى ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ئىشلىرى مەنپەئەت ۋە ھىكمەتدۇر، ئادالەت ۋە ياخشىلىقنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بۇ ھەدىستە، كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدىرىگە نارازى بولسا ۋە سەۋرسىزلىك قىلسا رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ كۆرسەتمىسىگە قارشى ئىش تۇتقان بولىدۇ، توغرا يولدىن چەتنىگەن، يوقسۇزلۇق، كىبسەللىك يەتكەندە زارلانغۇچىلارنىڭ، چىدامسىزلارنىڭ يولىنى تۇتقان بولىدۇ، ھەقىقەتەن بۇلار ھاياتى دۇنياغا باغلانغان، يەتكەن مۇسىبەتكە ئاللاھ تائالادىن ساۋاب-ئەجىر كۈتمەيدىغان كىشىلەردۇر. رەسۇلۇللاھ ئىمانى ئاجىز، مۇسىبەتكە سەۋر قىلالمايدىغانلاردىن بىزار، ئۇلار مۇسىبەت يەتكەندە قەلبىدىكى نارازىلىقنى نال-پەرياد، كىيىملىرىنى يىرتىش، يۈزلىرىگە ئۇرۇش ئارقىلىق سىرتىغا چىقىرىدۇ، بۇلار ھەممىسى جاھىلىيەتنىڭ قىلمىشلىرى. ھالبۇكى ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى بولسا مۇسىبەت يەتكەندە تەقدىرگە تەن بېرىپ: «بىز ئەلۇۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» دەيدۇ. ئەھلى سۈننەت مەزھىبىدە مۇسۇلمان گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن، گەرچە ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك چوڭ گۇناھ بولسمۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، يەنى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇ ھەقتە كۆپ سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ ئۇ ھەدىسلەرنىڭ يۈزەكى مەنىسىدە بۇنداق چوڭ گۇناھلارنى قىلغانلار ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن «مۇسىبەت يەتكەندە يۈزلىرىگە ئۇرۇپ كىيىملىرىنى يىرتىپ يىغلىغانلار بىزدىن ئەمەس» دېگەن ھەدىس ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار. بۇ ھەقتە شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: ئىيمان ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى: ئىيمان ئىبىتقان كىشىنى دوزاختا كىرىشتىن ساقلاپ قالىدۇ، يەنە بىرى: دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ، ئەمما دوزاختا كىرىشتىن ساقلاپ قالمايدۇ. بىر كىشىنىڭ ئىيمانى مۇكەممەل بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا تولۇق ئەگىشىپ ماڭغان بولسا، بۇ ئىيمان ئۇ كىشىنى دوزاختا كىرىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. يەنە ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: ھەر بىر نەرسىنىڭ شەرت ۋە چەكلىمىلىرى بولىدۇ، شەرتلىرى تولۇق تېپىلىپ، چەكلىمىلەردىن خالى بولغاندا ئۇ نەرسە مۇكەممەل بولغان بولىدۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭغا بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى، شەرئەت بىر گۇناھقا جازا بەلگىلىگەن بولسا، ئۇ گۇناھنى قىلغۇچى جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن بۇنى چەكلەيدىغان چەكلىگۈچى بولماسلىقى كېرەك، ئۇ چەكلىگۈچى بولسىمۇ ئىماندۇر، ئىمان ئىگىسىنى دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتىن ساقلايدۇ ۋە چەكلەيدۇ

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee